# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

## 新疆社会科学

FROM THE LIBRARY OF
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC
GULAMETTIN PAHTA

1
1988

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرى ھەققىدە

غەيرەتجان ئوسمان

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن. ئۇ كۆپلىگەن غەيرى رەسمىي قانداش ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر، قەۋملەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن قوشۇلۇشىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋردە، خىلمۇ خىل جۇغراپىيىلىك ئورۇنلاردا ياشىغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن خىلمۇ خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. مەن بۇ ماقالىدە مانا مۇشۇ خىلمۇ خىل ناملار ھەققىدە ئۆزەمنىڭ دەسلەپكى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## مىللەت نامى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مىللىي نامى بار. مىللەت نامى تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. مىللەت ناملىرىنىڭ بەزىلىرى ئەڭ بۇرۇن ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولغان دەۋردە، يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان، بەزىلىرى كېيىنرەك پەيدا بولغان. دېمەك، ھەر قايسى مىللەتنىڭ نامىنىڭ ئومۇمىي مىللىي تۈس ئېلىشى ئوخشاش ئەمەس. بەزى مىللەت ناملىرى قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەيدانغا كېلىپ، ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە دۆلىتىنى ساقلاپ، ئۆزى ئىپادە قىلغان خەلق ۋە مىللەت بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ، مەزكۇر مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق نامى بولۇش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماي كەلگەن؛ ئايرىم مىللەت نامى ناھايىتى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىپادىلىگەن مەزمۇن دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە

ئانىلارنى يادرو قىلغان بىر ئۇرۇق بىر ياكى بىر قانچە نام بىلەن ئاتالغان بولسا، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق ـ قەبىلىچىلىك دەۋرىدە ئەرلەرنى يادرو قىلغان بىر قەبىلە بىر ياكى بىر قانچە نام بىلەن ئاتالغان. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنىڭ بەزىلىرى ساقلىنىپ، بەزىلىرى بارا بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى — قەۋملەرگە خاس بىر نام قوللىنىلغان (بۇمۇ نىسپىي ئەھۋال). قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، خەلق نامى بىر قەدەر ئىخچاملىشىپ، مىللىي نام تارىخىي سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى؛ يەنە بەزى مىللەت نامى مەزكۇر خەلق مىللەت بولۇپ، تارىخ سەھنىسىدە ھەرىكەت قىلغانىدىن خېلى كېيىن پەيدا بولغان ئەھۋاللار بار. بىر مىللەتنىڭ بىرلا نامىنى بىز پەقەت فېئوداليزم، كاپىتاليزم ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىدىلا، تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، پەقەت يېقىنقى دەۋردىلا ئومۇميۈزلۈك ئۇچرىتىشقا مۇۋەپپەق بولالىدۇق.

مىللەتلەرنىڭ نامى ھەجىم جەھەتتىن تارلىقتىن كەڭلىككە، شەكىل جەھەتتىن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئۇقۇم جەھەتتىن مۇجمەللىكتىن مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان.

تارىختىكى ھەر قايسى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار مىللەتلەرنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا، بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە، پارچىلاشقا ھەم بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بىز مىللەت نامىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئوينايدىغان رولىنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك بىرەر مىللىي ئىسىم ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ تارىختىكى ئورنىغا باھا بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

مىللەتلەرنىڭ نامىنى تەتقىق قىلىش ئىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىنسانلارمۇ مۇئەييەن نام بىلەن ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان مۇنداق مىللىي ناملارنىڭ نېمە سەۋەبتىن قويۇلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بۇيان ئىزدىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ كەلگەن. جۇڭگو، ئىران، ئەرەب ... قاتارلىق ئەللەردىكى تارىخچىلار، ئەدەبىياتچىلار، مىللەتشۇناسلار، جۇغراپىيونلار، تىلشۇناسلار، ساياھەتچىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ناملىرىنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگىكى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىللەت نامى مەلۇم تارىخىي دەۋردە ياكى شارائىتتا نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلايدۇ ۋە ساقلىنىشى كېرەك. لېكىن ئۇ تارىخنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشى، بەزىلىرى شۇ مىللەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

## مىللەت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

مىللەت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا خىلمۇ خىل سەۋەبلەر مەۋجۇت. ئومۇمىي نۇقتىدىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، مىللەت نامى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدىن كەلگەن. بۇنى بىر قانچە جەھەتتىن كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىپتىدائىي دىنلارغا چوقۇناتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا تۆتېمغا، بۆۋىلارغا، كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش ئەقىدىسى بارلىققا كەلگەن. تۆتېمىزىم دەۋرىدە تۆتېم قىلىنغان شەيئىنىڭ ئىسمى ياكى ئۇرۇق باشلىقى بولغان ئانىنىڭ ئىسمى ئۇرۇقلارنىڭمۇ ئۇرۇق نامى بولغان. مەسىلەن، «ئاشنا» ناملىق بۆرىنى تۆتېم قىلغان تۈركلەرنىڭ «ئاشنا» دېگەن سۆزنى فامىلە قىلغىنىدەك. «ئاشنا» سۆزى قەدىمكى ئىران تىلىدىن كىرگەن سۆز، «بۆرە» دېگەن مەنىدە، دەپ قارىغۇچىلار بار.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئۈسۈملۈكلەرگە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئوماۋېرك ساكلىرى (omaversaK) يەنى «ئۆزى چوقۇنىدىغان ئۈسۈملۈكنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار» دەپ ئاتالغان.

بۆۋىلارغا چوقۇنىدىغان دەۋرلەردە، ئىنسانلار ئىلاھ دەپ ئىشەنگەن ئەر (بوۋا، ئەجداد) نىڭ ئىسمىنى ئەرلەرنى يادرو قىلغان قەبىلە كوللېكتىپىنىڭ نامى قىلغان. مەسىلەن، ئوغۇزخاننىڭ ئىسمىنى ئوغۇز قەبىلىلىرى قەۋم نامى سۈپىتىدە قوللانغان. بۇنداق ئەھۋالنى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب دۇنياسىدىكى قەدىمكى يەھۇدى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن تېخىمۇ ئوبدان چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئاسمان (كۆك) تەڭرىسىگە چوقۇنغان دەۋرلەردە بولسا، ئاسمان تەڭرىسىگە تېۋىنىشنىڭ ماھىيەتلىك ئالامىتى بولغان ئاسماندىكى كونكرېت شەيئىلەرنىڭ نامى

قەبىلىلەر بىرلەشمىلىرى دەۋرى، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا ياشاپ تۇرغان خەلقلەرنىڭ مىللىي نامى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، «كۇن» قەدىمكى هۇن قەبىلىلىرىنىڭ نامى قىلىنىپ، ئۇلار «هۇن» دەپ ئاتالغان. بەزى تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملار «هۇن» دېگەن سۆزنىڭ «كۇن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىشتى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرى باشقا ناملار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ساقلىنىپ قالغان ۋە كېيىنچە مىللىي نامغا ئايلانغان.

ئىككىنچى، مىللەت نامى بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتنى ئاتىشىدىن ياكى ئاتاپ قويۇشىدىن پەيدا بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «قەبىلىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغىنى ھالدا، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بېرىلگەن نامى بىر - بىرىپئۇنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن، نېمىسلارنىڭ ‹گېرمانلار› دېگەن بىرىنچى تارىخىي ئومۇمىي نامىنى كىلىت (Kilit) لار قويغانىدى» ①.

ئۈچىنچى، مىللەتنىڭ نامى يەر - جاي، شەھەر، جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادىكى ناھايىتى كۆپ خەلقلەر ئۆز ئىسمىنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان يەر-جاي، شەھەر، تاغ دەريا، كۆل، ئېقىنلار، تۈزلەڭلىكلەر ۋە باشقىلارنىڭ نامىدىن ئېلىپ قوللانغان. مەسىلەن، موڭغۇل، زاڭزۇ، چاۋشيەن، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نامىلىرى شۇنداق. موڭغۇل دېگەن نام موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى ئونۇت دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان چوڭ تاغنىڭ نامى. ئۇنىڭ يېنىدىكى دەريانىڭ نامىمۇ «موڭ» دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. «موڭ» دېگەن سۆزنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى «چوڭ» ياكى «زور» دېگەننى، «غول» «دەريا - ئېقىن» ياكى «غول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا، قەدىمكى ساك قەۋمىنىڭ بىر قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ كۆل (ياكى دېڭىز) ۋە دەريا ساھىلىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن تىئاي - تارا دارايىيا ساكلىرى (Tia$_i$ — Tara — darayya SaK) يەنى دېڭىزنىڭ ئەتراپى ياكى دەريا ساھىلىدىكى ساكلار دەپ ئاتالغان.

① «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 152 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۆتىنچى، مىللەت نامى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆزلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356—323-يىللاردا) ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇقىغا، ئۇستا مەرگەنلىكىگە قاراپ قويغانلىقىنى ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن①. بۇ — مۇئەللىپنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى.

قىپچاقلارنى ئالساق، «ئوغۇزنامە» دىكى چۆشەندۈرۈشكە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بوۋىسى دەرەخنىڭ ئارىلىقىدا تۇغۇلغان، قەدىمكى تۈرك تىلىدا دەرەخ كاۋىكىنى «قىپچاق» دەپ ئاتىغان. بۇ ئىسىم شۇنىڭدىن كەلگەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئۇچلۇق قالپاق كىيگىنىگە قاراپ، باشقىلار ئۇلارنى تىگراخود ساكلىرى(TigrahaOdsak) يەنى «ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار» دەپ ئاتىغان.

بەشىنچى، مىللەت نامى قەبىلە، خەلقلەرگە يولباشچىلىق قىلغان بىرەر قەھرىماننىڭ نامى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆزبېك ... ئىسرائىل، ئوغۇزلار، ئوسمانلار، ۋە ھاكازا.

ئالتىنچى، «قەبىلىنىڭ (ياكى مىللەتنىڭ — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) نامى ... كۆپىنچە تاسادىپىي يوسۇندا پەيدا بولغان، ئاڭلىق يوسۇندا تاللاپ قويۇش كەمدىن-كەم بولغان» ② ياكى «باش قاتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ قويۇلغان بولماي، تاسادىپىي ھادىسىلەر ئاساسىدا قويۇلغان»③.

يەتتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن شەكىللەنگەن مىللەت ناملىرى. مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى لاخۇ مىللىتىنىڭ نامى، «لاخۇ» نىڭ مەنىسى «يولۋاس گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

① مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 152 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

② ئېنگېلىس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 152 - بەت.

③ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» 1 - قىسىم، سودا نەشرىياتى، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 110 - بەت.

سەككىزىنچى، غايە، تۇرمۇش ئادىتى ۋە باشقا ئادەتلەر تەسىرىدىن شەكىللەنگەن مىللەت ناملىرى. مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى «دەي» مىللىتىنىڭ نامى بولغان «دەي» «ئەركىنلىك» مەنىسىنى، «ناشى» «قەدىرلىك كىشىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، مىللەت نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بىر مىللەت خەلقىنىڭ ياشىغان رايونىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، مىللىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك، مىللىي خۇسۇسىيەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئەپسانە - رىۋايەت قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىل ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ھەققىدە

### 1. قىسقىچە چۈشەنچە

«ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم قەدىمكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن قوشنا مىللەت، خەلقلەرگىچە ئورتاق، ئىزچىل قوللىنىپ كەلمەكتە.

«ئۇيغۇر» دېگەن نام قەدىمكى تارىخىي كىتابلاردا، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە خىلمۇ خىل شەكىلدە قەيت قىلىنغان.

بىرىنچى، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن گرېكچە ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغان. مىلادى 150 - يىللاردا ياشىغان گرېك جۇغراپىيونى پتولېمى (ClandiuSptolemy) «جۇغراپىيە» (GeographiCeHyPhegeSiS) ناملىق كىتابىدا OechordaS دېگەن ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھېنرى يۇلې (Henryyule) پتولېمى (ClandiuSptolemy) نىڭ سېرىس (Serice) دۆلىتى ھەققىدە توختالغانلىرىغا ئاساسلىنىپ، «سېرىس ئېلى بۈگۈنكى شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىدى» دەيدۇ. ئاتاقلىق رۇس ئالىمى ئاكادېمىك رادلوۋ ھەم شۇنداق دەپ ھېسابلىغان①. ئۇندىن باشقا، پروفېسسور گرىگورىيېۋ، ئېنگلىز ئالىمى رەيىنتىللو قاتارلىقلارمۇ OeCherdaS لارنى ئۇيغۇرلار دەيدۇ.

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى». ئالمۇتا «نايكا» (پەن) نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە، 6 - بەتكە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى.

1) جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلدىن مىلادى 220 - يىلغىچە) دە، قۇمۇل «يىۋۇلۇ» (伊吾卢) (بۇ ئىبۇرغول — ئۇيغۇر غول دېگەنلىك ئىكەن) دېيىلگەن. بۇ — «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن قاراش. ياپونىيە ئالىمى يۇتيەنخېڭ «ئۇيغۇرچە بوددا نوملىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «بىر بۆلۈك ئالىملار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ قەۋم (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى — ئا) تارىخ سەھنىسىگە چىققان دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە كلاپروت (KlaprOth) بۈگۈنكى قۇمۇل خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يىۋۇلۇ (伊吾卢) دەپ ئاتىلاتتى. «يىۋۇلۇ» ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ۋارىيانتىدۇر. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالدىنقى قاڭقىل، كېيىنكى قاڭقىل ئېلى (车师前后两国) دە بۇ قەۋم بار ئىدى، دەيدۇ، دەپ يازىدۇ ①.

2) گوللاندىيە ئالىمى دېگورت: «تارىخنامە» دە لولان، ئۇيسۇن، خۇجيې (呼揭) دەپ ئاتالغانلار ئىچىدىكى خۇجيې ‹ۋېي سۇلالىسى تارىخى› (魏书) دا تىلغا ئېلىنغان خۇگۇ (护骨) دۇر. خۇگۇ كېيىنچە ‹گاۋچې› (高车)، ئۇنىڭدىن كېيىن ‹ئۇيغۇر› (畏吾儿) دەپ ئاتالغان» ② دەيدۇ.

3) «ۋېينامە» («魏书») دە «يۈەنخې» (袁纥) دېگەن ئاتالغۇ خاتىرىلەنگەن. تىلدىكى ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىلىم ئەھلى «يۈەنخې» نى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن ئىدى.

4) «سۈينامە» («隋书»)، «كونا تاڭنامە» («旧唐书»)، «يېڭى تاڭنامە» («新唐书»)، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، («唐会要»)، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بىر قەدەر يېقىنراق تەلەپپۇزدىكى تەرجىمىسى يېزىلغان، مەسىلەن، «سۈينامە» دە ۋېيخې (韦纥)، ۋۇخۇەن (乌欢)؛ «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» داخۇيخې (回纥)، خۇيگۇ، (回鹘)؛ «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەردە خۇيخې (回纥)، خۇيگۇ (回鹘) دەپ يېزىلغان. بۇ سۆزلەر «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى ئاساسەن بىردەك. فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار خەنزۇچە

① ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 19 -، 20 - بەتلەرگە قاراڭ.
② ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 20 - بەت.

ھۆججەتلەردىكى يۈەنخې، ۋېيخې، ئۇخۇ (乌护)، ئۇخې (乌纥)، خۇيخې (回纥)، خۇيگۇ (回鹘)، ۋېيۋۇر (畏兀儿) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى — «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن ①.

لياۋ، سۇڭ دەۋرلىرىدە، ئۇيغۇرلار خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خۇيخې، خۇيخۇي (回回) دېيىلگەن.

5) يۈەن دەۋرىدە، ئۇيغۇر دېگەن ئاتالغۇ ئەڭ يېقىن سۆزلەر بىلەن ترانس-كرىپسىيە قىلىنىشقا باشلىدى.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنىشى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىللار) ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ، «ئىنان خۇزخۇراند» لار دېگەن دەيدۇ. لېكىن بۇ مەلۇماتنى مەھمۇت قەشقەرى بىزگە كېيىنرەك يەتكۈزۈپ بەرگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنى uyghur — ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ. بۇ VIII — IX ئەسىرلەردىكى «تۈرك بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تۇققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق-لاردا تىلغا ئېلىنغان. بەزى تەتقىقاتچىلار مىلادى 780 - يىلى ئورنىتىلغان «بايىن-چۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى «بىز ئون ئۇيغۇر بىلەن توققۇز ئوغۇزلاردىن قالغان خەلق دۆلىتىنى يۈز يىلدىن كۆپرەك باشقۇردۇق» دېگەن سۆزلەرگە قاراپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ھەقىقەتەن «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. قىسقىسى، «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ توغرا يېزىلىشى مانا مۇشۇ ئورخۇن (orKun) مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇ، مەھمۇت قەشقەرى يەتكۈزۈپ بەرگەن مەلۇماتتىن (دەۋردىن) خېلىلا ئاۋۋالقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر تارىخىدا «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ ئالتاي دەۋرىدە بار ئىدى، دەپ قارىشىدۇ.

ئۇيغۇر دېگەن نام XII — XIII ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق تاۋۇش ئۆز-گىرىشى ياسىماي بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا، 1934 — 1935 - يىل-لىرى «ئۇيغۇر» دېگەن نام پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئورتاق ئېتىراپ قىلىندى.

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، خەنزۇچە، 1 - قىسىم، 1 - بەتكە قاراڭ.

## 2. «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ھەققىدە

«ئۇيغۇر» دېگەن نام ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان.

ئەڭ بۇرۇن ئۇ بىرەر ئۇرۇق ياكى قەبىلە، قەۋمنىڭ خاس نامى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن. «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئېتنىك ئىسىم ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي بىرلەشمىسىنىڭ نامى دەپ ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ مەزمۇنى بەزىدە نوقۇل ئۇيغۇر قەبىلىلىرى گەۋدىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. كۆك تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ نامى باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان. بۇ چاغلاردا «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولغان «ئوغۇز» ۋە «توققۇز ئوغۇز» دېگەن ناممۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەقتە بارتولد مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىنى سالغان (تۈرك ئىمپېرىيىسى — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) قەبىلەر تۈرك نامىدىن باشقا يەنە ‹ئوغۇز› ياكى ‹توققۇز ئوغۇز› دېگەن ئومۇمىي ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. جۇڭگو مەلۇماتلىرىدا غەربىي تۈركلەر ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەن دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭمۇ ئوغۇز ياكى توققۇز ئوغۇز دېگەن ئومۇمىي ئىسمى بولغان»①.

كۆك تۈرك دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر (ئوغۇز، توققۇز ئوغۇز) دېگەن نام چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى بارلىق غەيرى، رەسمىي تۈركىي قەبىلەرنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلانغانىدى. مانا مۇشۇ مەسىلىنى كۆزدە تۇتقان ليۇجژ شاۋ مۇنداق دەيدۇ: «ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شەۋكەتلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتەك مۇقەددەس ئىشنى ئەنە شۇ ‹ئۇيغۇر خاندانلىقى› دېگەن نام ئاستىدا داۋاملاشتۇرغان»② يۈەن سۇلالىسى

① بارتولد «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، ئۇيغۇرچە.

② ليۇ جژشياۋ: «ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىل، 3 - سان.

دەۋرى (1279 — 1368) گە كەلگەندە، «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كېڭەيگەن. ئافغانىستاندىكى كابۇلدىن تارتىپ (جۈملىدىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ھەم پامىر ئەتراپلىرى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا، ئامۇ دەريا ئارىلىقىدىكى ماۋارا ئۇننەھىر رايونلىرى، بەدەخشان ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭ زېمىنىغىچە ھەممىسى قوشۇلۇپ «ئۇيغۇلار يېرى» دېيىلگەن. قىسقىسى، «موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، ‹ئۇيغۇر› دېگەن بۇ نام مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەندىن باشقا، ئىسلام دىنىغا كىرگەن بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىمۇ كۆرسەتكەن». ① ئاكادېمىك بارتولدمۇ بۇ ھەقتە توختالغانىدى. «خۇيگۇ» (回鹘) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن خەنزۇ يازغۇچىلىرى بەزىدە ئومۇمەن مۇسۇلمانلارنى ئىپادىلىگەن، بەزىدە تۈركلەرنى ئىپادىلىگەن، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنى شۇ نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن ②.

بىز يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى كۆرىمىز. «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا يېقىنقى دەۋرلەردە بەزى ئالىملار كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

### 3. «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى

(1) «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى خىلمۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر.

قەدىمدىن بېرى ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچى، تىلشۇناسلار، ئالىملار ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكەن، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

---

① «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. خەنزۇچە، 1985 - يىل 1 - سان ۋە ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 68 - بەت.

② بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، «چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر بولغان موڭغۇللار» دېگەن بابقا قاراڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com



بىرىنچى، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە مۇنۇلار قەيت قىلىنغان:

يۈەنخې (元和) نىڭ - 4 يىلى (مىلادى 809 - يىلى) ئاي تەڭرىدىن بولمىش قامۇغ بىلگە قاغان (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاي ئىلاھىدىن تۆرەلگەن، ھەممىگە ئىقتىدارلىق قاغان) ئەلچى ئەۋەتىپ، «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان 回鹘 (خۇيگۇ — ئۇيغۇر) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاشنى ئۇقتۇرغان («كونا تاڭنامە» «旧唐书»، 195 - جىلد).

بۇ تارىخىي ۋەقە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 25 - جىلدىدا، جېنيۈەن (真元) نىڭ 5 - يىلى (مىلادى 789 - يىلى) 7 - ئايدا يېزىلغان مەكتۇپتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆز، دەپ قەيت قىلىنغان.

ئىككىنچى، مەھمۇت قەشقىرى مۇنۇلارنى«يازىدۇ: «uyюur — بىر ئەلنىڭ نامى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك قاغانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن. ماڭا مۇھەممەت جاقىر تۇنقاغان ئوغلى ئىزامىددىن ئىسرافىل تۇرغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ. بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېگۈچىلەر ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ.» شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر HuzHur› دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن «خ —H» ھەرپى «ا — ئېلىف» قا ئالماشقان، مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ «ا — ئېلىف» نىڭ «خ — H» ۋە «خ — H» نىڭ «ا — ئېلىف» قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇت ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەر «ئېمىر emir» دېيىلمەي، «ا — ئېلىف» نى «خ — H» غا ئالماشتۇرۇپ «خېمىر h$^{ə}$mir» دەيدۇ. شۇڭا، تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى «بحر كين hemirtəgin①» دەپ ئاتايدۇ. خۇددى «ئۇيغۇر uyqur» سۆزىدە

① بېسىم ئاتالاينىڭ پىكرىچە بۇ سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە «خمىر تىكىن Həmirt$^{ə}$gin» دەپ ئېلىنغان — نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن.

كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە «ا — ئېلىف» ھەرپى «خ — H» غا ئالماشقان. «خ — H» ھەرپىنىڭ «ا — ئېلىف» قائالمىشىشى بىلەن بىللە، «خۇز HuZ» سۆزىدىكى «ز — z» ھەرپىنىڭمۇ «ي — يا» غا ئالمىشىشى توپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن «خۇر Hur» سۆزىدىكى «خ — H» ھەرپى «غ — ƣ» غا ئالماشقان. «غ — ƣ» نىڭ «خ — H» غا، «خ — H» نىڭ «غ — ƣ» غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە، خۇددى ئەرەبچىدە «ختر» نى «غدر» دېگەندەك①.

ئۈچىنچى، پارس تارىخچىسى راشىددىن (1247 — 1318) خاتىرىلىگەن رىۋايەتمۇ بىر قەدەر كونا. ئۇ مۇنداق: «(بىر دىنىبىر) تەگرىگە ئېتىقاد قىلىش توغرا كەلگەنلىكتىن، ئوغۇز ۋە (ئۇنىڭ) دادىسى، تاغىلىرى ئارىسىدا كەڭ - ئاداۋەت پەيدا بولۇپ، (ئۆز ئارا) ئۇرۇش يۈز بېرىپتۇ، ئەينى چاغدا ئوغۇزنىڭ بەزى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئوغۇز تەرەپتە تۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپتۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئوغۇزنىڭ دادىسى، تاغىلىرى ۋە قېرىنداشلىرى تەرەپتە تۇرۇپتۇ. ئوغۇزغا بوي سۇنۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى ئوغۇز ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ. بۇ نام تۈركچە سۆز بولۇپ، پارسچە سۆز بويىچە چۈشەندۈرگەندە، ‹ئۇ مەن بىلەن ئىتتىپاقلاشتى، بىزگە ياردەم بەردى› دېگەن بولىدۇ.

«بۇنداق ياردەمدە بولغان كىشىلەر دائىم ئوغۇز بىلەن بىرگە بولىدىكەن، ئوغۇز باشقا ئەللەرگە يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا دەرھال ئۇيغۇرلارنى ئەتراپتىن چاقىرتىپ كېلىپ (ئۆزىنىڭ) دۆلىتى ئىچىدە تۇرغۇزىدىكەن، ئۇ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەشۇنداق ياردەم بەرگۈچىلەردىن چىققان، ئەھۋال دەل مانا مۇشۇنداق»②.

تۆتىنچى، مىلادى XVII ئەسىردە ئۆتكەن خىۋە ( Hivā ) خانى ئوبۇلغازى باھادۇرخان (1605 — 1664) «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «...ئوغۇزخان ئۇلارغا ‹ئۇيغۇر› دەپ نام بەرگەن. بۇ تۈركىي سۆز، ئۇنىڭ ‹ئېتىقاد قىلغۇچى› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. كىشىلەر ئىچىدە، سۈت ئۇيۇيدۇ، ئۇ ئۇيۇشتىن بۇرۇن سۇيۇق ۋە چېچىلىپ كېتىدىغان ھالەتتە بولىدۇ، ئۇيۇپ بولغان-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 151 — 152 - بەتلەر.

② راشىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇتتەۋارىخ»، بېيجىڭ، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 1 - قىسىم، 136 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دىن كېيىن ئاجرالمايدۇ، دېگەن ئوخشىتىشلار بار. كىشىلەر ئارىسىدا يەنە ‹ئىمام› ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك دېيىلىدۇ، ئىمام ئولتۇرسا بىز ئولتۇرىمىز، ئىمام قوپسا بىزمۇ قوپىمىز. بۇ ‹ئېتىقاد قىلىش› ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ھەممىسى ئوغۇز قاغانىنىڭ بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تىز پۈككەندە، خان ئۇلارنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتىغان. دېمەك، بۇ ‹ئېتىقاد قىلغۇچىلار› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ...».

بۇ تەبىرمۇ «جامىئۇتتە ۋارىخ» نىڭ 1 - بابىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان. ۋەھالەنكى، رادلوۋ (w.Radloff) بىلەن ئوبۇلغازىنىڭ پايدىلانغان كىتاب مەنبەسى ئوخشاش. لېكىن، چىقارغان يەكۈندە پەرق بار①.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مۇھەممەت مەھدىخان 1757 - يىلى يېزىلغان «ساڭلاش» (SanglaX) دېگەن ئەسەردە مۇنداق دەيدۇ: «‹ئۇيغۇر› دېيىلىشتىكى سەۋەب، ئوغۇزخان بىلەن ئاتىسى ۋە ئاكا - تاغىلىرى ئوتتۇرىسىدا دىن ھەققىدە تالاش - تارتىش باشلانغاندا، بەزى قەبىلە (əKraba) لەر ئوغۇزخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلدى. ئوغۇزخان ئۇلارغا ‹ئۇيغۇر› نامىنى بەردى. بۇنىڭ مەنىسى ‹ئۇ بىزگە قوشۇلدى› دېگەننى بىلدۈرىدۇ».

«زەپەر نامە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى (؟) مۇ يۇقىرىقى قاراشنى قۇۋ-ۋەتلەپ، «‹ئۇيغۇر› دېگەننىڭ مەنىسى ‹قوشۇلۇش، ئۆز ئارا ئەھدىنامە تۈزۈش› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەيدۇ.

«تارىخ خابىبۇل- سىيار» نىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، «چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان قەبىلە باشلىقى ئىدىقۇتنىڭ تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن يادنامىدە ئايگۇر (Aygur) دېگەن ئىسىم يېزىلغان ئىكەن، بۇنىڭدا ئەلىف (ālif) نىڭ ئۈستىگە قىيپاچ سىزىق قويۇلغان، چۈنكى بۇ شۇ قەبىلىگە تەۋە بولغان تۈرك ئۆزبەكلىرى-نىڭ نامى ھېسابلىنىدىكەن... ئۇلار ئۆزبەك قەبىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقلىرى ئىكەن».

تاتار تارىخچىسى قۇربان ۋەلى خالىدى مۇنداق دەيدۇ: «... ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندە، تاغ - سەھرالىقلار ‹موڭغۇل› دېگەن نامدا، شەھەر ئاھالىلىرى ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامدا ئاتىلىدىغان بولدى... ‹ئۇيغۇر› دېگەن بىر جىنسقىلا باغلىق بولماي، نەدىلا بولسۇن بىر جايغا توپلىشىپ، ئۇيۇشۇپ ئولتۇرىدىغانلار

① قۇربان ۋەلى: «ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنىڭ تۆت خىل تەبىرى» («شىنجاڭ ياشلىرى»، 85 - يىل، 1 - سان).

«ئۇيغۇر» دېيىلىدىغان بولدى»[1].

شۇنداق قىلىپ، بىز خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ھېسابقا ئالماي تۇرغاندا، شەرقتە تارقالغان ئوتتۇرا ئەسىر نەزەرىيىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولغانكى، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز، ھازىرقى زامان ئاتالغۇ شەكلى بويىچە قارىغاندا، پېئىلدىن ياسالغان ئىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، uy دېگەن پېئىلغا gur قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان. بۇ «قوشۇلۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئوبۇلغازى بۇ سۆزنى «يېپىشماق، چاپلاشماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئويۇ uyu دېگەن پېئىلدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. ئېھتىمال، ئۇ بۇ سۆزنى uy دېگەن سۆزدىن پەرقلەندۈرەلمىگەن بولسا كېرەك[2].

يۇقىرىقى كۆز قاراشلار قەدىمكى دەۋرلەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇلاھىزىسىدىن ئىبارەت. بىز بۇلاردىن «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ شۇ چاغلاردىلا خىلمۇ خىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يېقىنقى دەۋرلەردىن بېرى، تەتقىقاتچىلار، ئالىملارنىڭ ئايرىملىرى ئۆتمۈشتىكى كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلسا، ئايرىملىرى ئۇ كۆز قاراشلارنى تولۇقلىدى، يەنە ئايرىملىرى بولسا پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تۈرك تىلىدا h—i نىڭ ئالمىشىشى كۆپ ھادىسە، d—y نىڭ ئالمىشىشى تولىمۇ ئاز ئۇچرىشىدىغان، h—q نىڭ ئالمىشىشى كۆپ ھادىسە دېيىشى تۈرك تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ تاۋۇش قائىدىسىگە ئەمەس، تۈرك تىلىنىڭ ئۆزىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن دېگەن قاراش.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، سۆز ئارىسىدىكى d نىڭ y قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىشى — ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك تىلىدىكى بىر ئومۇمىي ئەھۋال. ئۇنداقتا udqur نىڭ uyqur

[1] «تارىخ خەمسە»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان كىتاب (شاپىگراف نۇسخىسى)، 4 - قىسىم، 166 - بەت.

[2] س . گ. كلاۋسون: «‹ئۇيغۇر› ئاتالغۇسى ھەققىدە»، («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋىرى»، 1985 - يىل، 1 - سان، 16 - بەت).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن①. h—i نىڭ ئالمىشىشى ياكى سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا h نىڭ قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى تۈرك تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاۋۇش ئالمىشىش قائىدىسى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرقى بەزى تۈركىي تىللاردىمۇ ساقلانغان.② مارىيا گابائىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تېھران يېنىدىكى يېگىدىن ئېنىقلانغان خالاچ دېگەن تۈركىي قەبىلىنىڭ تىلىدىمۇ بۇنداق ھادىسە بار ئىكەن③.

بەزى ئالتايشۇناسلار بۇنى ئىپتىدائىي تۈرك تىلىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر مۇشۇ بويىچە ئىلگىرى سۈرگىنىمىزدە، ئوتتۇرا دەۋر تۈرك تىلىدىكى ئاتالمىش udqur دەسلەپكى تۈركچە hudqur بولۇشى مۇمكىن (ئىككىنچى بوغۇمدىكى h > q ئۆزگىرىشى بولسا بىر ئاددىي ئاجىزلىشىش ياكى يوق ئىش). دېمەك، ئۇلارغا ئاساسەن، «ئۇيغۇر» دېگەن نام قەدىمدىن hudqur <udqur <uyqur دېگەن تاۋۇش ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار بار④.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنى كۆپىنچە huygu 回鹘، huyhe 回纥 دېگەن خەتلەر بىلەن يازىدۇ. بۇلارنى يۇقىرىدىكى hudqur غا باغلاشقا بولىدۇ، بەلكىم مەزكۇر ئىپتىدائىي شەكىل شۇ چاغلارغىچە بەزى قەبىلىلەردە ساقلىنىپ قالغان ۋە مەھمۇت قەشقىرى دەۋرىگە كەلگەندە رىۋايەتكە ئايلىنىپ قالغاندۇر.

مىلادى 526 - يىلى كونستانتىنوپولدىن قاراشەھەر چوڭ يۇلتۇز ۋادىسىدىكى غەربىي تۈرك ئوردىسىغا كەلگەن شەرقىي رىم ئەلچىسى vālentom يولدا outigaus دېگەن بىر تۈركىي قەبىلىنى ئۇچراتقان⑤.

① قاھار بارات: «‹ئۇيغۇر› نامىنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى» («تىل ۋە تەرجىمە»، 1983 - يىل، 4 - سانىغا قاراڭ.
② ئا. شىرباك: «تىلشۇناسلىقتىكى ئالتاي قىياسى» (ئالتايشۇناسلىق تەرجىمىلىرىدىن تاللانما، داۋامى، خەنزۇچە، 43 - ،73 - بەتلەر).
③ ئا. فون. گابائىن: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مابەينىدىكى تۈركىي يادىكارلىقلىرى»، 1982 - يىل، ئۈرۈمچى، ئۇيغۇرچە.
④ قاھار باراتنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىغا قاراڭ.
⑤ چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك مەنبەلىرى»، 1988 - يىل، شاڭخەي، خەنزۇچە نەشرى.

سۆز ئاخىرىدىكى S لاتىن تىلىدىكى خاس قوشۇمچە بولۇپ، outigourS يۇقىرىدىكى udqur بولۇشى مۇمكىن①.

## خۇلاسە

ن. ئا. باسكاكوۋ ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىكرىچە: 1) ئۇيغۇر - يۇغۇر، 2) ئوغۇر - ئۆگۈر، 3) ئوغۇز - ئۆگۈز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىر قەبىلە نامىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ، بۇلار ھەممىسى «ئەقىللىق، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆزنىڭ ھەر خىل فونېتىك شەكىللىرىدىن ئىبارەت. بۇ سۆز قەدىمكى «ر» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەرنىڭ تىلىدا «ئوغۇر، يۇغۇر، ئۇيغۇر» شەكلىنى ئالغان؛ «ز» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇز، غۇز، ئۇز» شەكلىنى ئالغان. ئوغۇز، يۇغۇر، ئۇيغۇر، ئوغۇز، غۇز، ئۇز دېگەنگە ئوخشاش ئېتنىك نامىلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ۋە ھازىرقى نۇرغۇن تۈركىي تىللاردا ھەر خىل فونېتىك شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئۇق- ئۇغ» دېگەن تومۇردىن كەلگەن، بۇنىڭ مەنىسى «ئۇقماق، چۈشەنمەك» دېگەن بولىدۇ. بۇ تۈپ سۆز ئالتايلىقلار (ئۇيراتلار) تىلىدا «ئۇپ - غور»(ئەقىللىق) دېگەن شەكىلدە ساقلانغان. «ئوي» — «ئەقىل، ئىدرەك» دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلاردا ئوز (غار) «چۈشەنمەك، ئۇقماق» دېگەن شەكىللىرىمۇ قەيت قىلىنغان. قەدىمكى تۈركىي تىلدا بىر تومۇرلۇق «ئو -» (ئويلىماق) «ئۆگ» - (ئەقىل، تەپەككۇر) دېگەن شەكلىمۇ بار. مانا مۇشۇنداق «ئۇق، ئۇغ، ئوي، ئۆ، ئۆگ» دېگەن مەنىداش تومۇرغا --- غۇز (گۇز، قۇز)، گۇر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئۇغ = ئۇي + غۇز /— غۇز › ئۇي + غۇز، ئۇ + غۇز، يەنى ئۇققۇچى، پەملىگۈچى، چەۋەر، قۇدرەتلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز كېلىپ چىققان (بۇ ھەقتە باسكاكوۋنىڭ «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدا بېسىلغان رۇس تىلىغا كىرگەن تۈركىي سۆزلەر ھەققىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دانىيە ئالىمى تومسېن «غۇز — ھازىرقى روسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، «ر» تاۋۇشى دائىم «ز» تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، ئون ئۇيغۇر = ئون ئوغۇز»① دەيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، تۈركىي تىللاردىكى قوشۇمچىلار ئەسلىدە تۈپ سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، غۇر (قۇر، گۇر)، كۇز، غۇز، (قۇز، گۇز)، كۇز قوشۇمچىلىرىمۇ ئەسلىدە بىر مۇستەقىل سۆز بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كۇز» دېگەن بىر سۆز بولۇپ، ئۇنى مەھمۇت قەشقىرى «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دەپ ئىزاھلىغان («دىۋان»، 1 - توم، 425 - بەت»). مۇشۇ سۆزنى «غۇز، (قۇر، گۇز) كۇر...» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇستەقىل سۆز ھالىتىدە ساقلانغان بىر ۋەكىلى دەپ چۈشەنسەك، «غۇر (قۇر، گۇر)، غۇز، (قۇز، كۇز - گۇز)» لەرمۇ ئەسلىدە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى مۇستەقىل سۆزنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇز ۋارىيانتلىرى بولۇشى، بۇلارنىڭ قەدىمكى ئالتاي دەۋرىدە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «كۇر» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئال + غۇر (ئالغۇر)، كۆر + گۇر (كۆر گۇر).

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوغور، ئوغۇز، (يوغۇر، ئۇيغۇر) سۆزلىرى ئۇق — ئۇغ دېگەن پېئىل تومۇرىغا «غۇر» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن ئەمەس، كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «غۇر، قۇر، گۇر، كۇر» دېگەن سۆز ئالدىغا ئەقىللىق دېگەن مەنىدىكى ئۇغ، ئۇق، ئۆگ، ئۆك، ئوي دېگەنگە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇغ + غۇر، ئۇق + غۇر دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى قاتار كەلگەن ئىككى «غ» ياكى «ق — غ» لارنىڭ تەلەپپۇزدا بىرىكىپ كېتىشى (يەنى ئوغ + غۇرنىڭ ئۇغۇر بولۇپ كېتىشى) تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىك قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان ھادىسە.

«ئوغۇر، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» ۋە «ز» مەسىلىسىگە كەلسەك، «ز» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان رايونلاردا «ئوغۇر» دېگەن بولسا، «ر» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان رايونلاردا «ئوغۇز» دېيىلگەن. ھازىرقى چۇۋاشلاردا ھېلىمۇ «ر» دىئالېكتى ساقلىنىپ قالغان. شىنجاڭ كۇچا رايونىدا «ز»

① تومسېن: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك مەڭگۈ تېشىغا كىرىش سۆز» (خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان).

دىئالېكتى ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئۆيگە كىرىپ» دېگەن سۆز كۇچادا «ئۆيگە كىزىپ» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر سۆزى مەيلى ئۇق - ئۇغ دېگەن پېئىل تومۇرىغا غۇر (قۇر) قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان تۈپ سۆز بولسۇن ياكى ئۇق - ئۇغ دېگەن سۆزگە كۈچ دېگەن مەنىدىكى غۇر - كۇر سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان بولسۇن، ئۇ يەنىلا «ئەقىل، كۈچ» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام (بۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولغان ئوغۇر، ئوغۇز، يوغۇر دېگەن ناملار بۇنىڭ ئىچىدە) «چېۋەر، ئەقىل، كۈچلۈك، جەسۇر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.①

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ شۇ مەنىدە ئىكەنلىكىنى قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ چۈشەنگەن. شۇڭا، ئورخۇن — ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى تونباغا تارقان 789 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 迴纥 (خۇيخې — ئۇيغۇر) دېگەن سۆزدىكى خې (纥) خېتىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان جەسۇر، ئەقىللىق قۇشلارنى بىلدۈرىدىغان «鹘» (گۇ) بىلەن يېزىشنى تەلەپ قىلغان. دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامنىڭ مەنىسى «ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق» دېگەن بولماستىن، «ئەقىللىق، جەسۇر» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئوغۇز سۆزىنىڭ قوي قوزىلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئوغۇز سۈت مەنىسىدە بولماستىن، ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆز②.

دېمەك، بەزى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنىڭ يۇقىرىقى كۆز قاراشنى تولۇقلاشقا ياردىمى بار.

(1) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە «回鹘» (خۇيگۇ — ئۇيغۇر) شۇڭقاردەك چەبدەس، باتۇر دېگەن مەنىدە» دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار» (唐会要) «كونا بەش دەۋر تارىخى» (旧五代史) قاتارلىق خەنزۇچە كىتابلاردىمۇ شۇ مەنىدىكى خاتىرىلەر بار.

---

① ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ «ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە مەنىسى» دېگەن ماقالىسىنىڭ قول يازمىسىغا قاراڭ.

① قاسىم ئارشىنىڭ «ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(2) مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھىرلىقىغا بەرگەن باھاسىنى رىۋايەت شەكلىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

(3) ئەرەب تارىخ - جۇغراپىيە شۇناسى مەسئۇدى (MaS udi) «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرگە قارىغاندا ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

(4) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ئەزەلدىن باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان ئەنئەنىگە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەۋملەر قەدىمدە ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ تا بىرەر باتۇرلۇق كۆرسەتمىگىچە ئۇنىڭغا ئىسىم قويمايتتى. شۇڭا ئۇلار كىچىكىدىنلا ئات ئۈستىدە قورال مەشقى قىلىشقا ئادەتلىنەتتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەگكۈزەلىگەنلەرنى چەكچى ھېسابلىغان. ھەتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەرنى چەكچى ھېسابلىغان. باللارنى كىچىكىدە قويغا مىندۈرۈپ مەشىق قىلدۇرغان①. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پسىخىك خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى كېيىنكى كۆز قاراشلارنى ئاساس قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

① ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1986 - يىل، 2 - سان 153 - بەت).

# ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق * (نارودنوست) بولۇپ شەكىللىنىشى توغرىسىدا

ئۇيغۇر سايرانى، ھەبىبۇللا خوجا

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق (نارودنوست) بولۇپ شەكىللىنىش مەنبەلىرى ناھايىتى يىراق قەدىمكى ۋاقىتلاردىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى موڭغۇل دالىلىرى، ئوردوس ۋە قەدىمكى شىنجاڭنىڭ كەڭ تېررىتورىيىسىدە ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن. ئاساسەن شۇ يەرلىك تۈپ قەبىلىلەر ۋە قەبىلە بىرلەشمىلىرىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. خەلقنىڭ شەكىللىنىشى قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئېتنىك ۋە سىياسىي ۋەقەلەر، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئىجابىي يۈكسىلىشلەر ھەمدە فېئودالىزمنىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر.

مىللەتلەر تەرەققىياتىغا ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، «خەلق» دېگەن مۇئەييەن بىر تېررىتورىيىدە شەكىللەنگەن، ئورتاق تىلغا ئىگە بولغان ئىنسانلارنىڭ مۇستەھكەم ئۇيۇشمىسىنى، ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇستەھكەم ئومۇملۇقىنى ھەمدە سىرتقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئېتنىك نامى، ئېتنىك ئېڭىغا ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ ئومۇملۇقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقنىڭ مانا مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى شۇ خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. خەلقنىڭ ئېتنىك ئېڭىنىڭ تەرەققىياتى قەدىمدە شۇ خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تېررىتورىيىلىك تەشكىلىنى (جۈملىدىن دۆلىتىنى) تىكلەشكە بولغان ئىنتىلىشىدا گويا بىر قانۇنىيەتتەك لا

* بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلۇۋاتقان «خەلق» دېگەن ئاتالغۇ كاپىتالىزم دەۋرىدە شەكىللەنگەن مىللەتنىڭ فېئودالىزم، ھەتتا قۇلدارلىق دەۋرىدىكى شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. لېنىن مانا مۇشۇ ئۇقۇمغا «نارودنوست» دەپ نام بەرگەن. بەزىلەر بۇنى خەنزۇچىغا 《部族》 دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىپادىلىنىپ كەلدى.

«خەلق» كونكرېت ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللىنىدۇ، راۋاجلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ، ئېتنىك ئىجتىمائىي ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئاساسەن، قۇللۇق ۋە فېئوداللىق تۈزۈمگە خاس بولغان بولىدۇ.

خەلقتە كاپىتالىستىك فورماتسىيىدىن ئاۋۋالقى شارائىتتا ئىجتىمائىي ۋە تەبەقە باراۋەرسىزلىكى مەۋجۇت بولىدۇ. تېررىتورىيىلىك مۇناسىۋەتلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيگەن بولىدۇ. ئۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا مۇنداق ئىككى خىل ئېتنىك ئاڭ، يەنى بىرى، ئۆزىنىڭ شۇ خەلققە خاس ئېڭى؛ يەنە بىرى، شۇ خەلقنىڭ تەركىبىگە كىرگەنگىچە ئۆزى مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن مۇستەقىل يەرلىك گۇرۇپپا ئېڭى (كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن خەلقلەردە بولسا ئۇرۇق ۋە قەبىلىگە مەنسۇپلۇق ئېڭى) مەۋجۇت بولۇپ كېلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ مەۋجۇت. بۇنداق ئۇرۇق - قەبىلەر ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن سۈپەت جەھەتتە كەسكىن پەرق قىلىدۇ. مانا مۇشۇ كېيىنكىلىرى بولسا ئىجتىمائىي ئورگانىزم بولۇپ، ئۇ، ئادەتتىكى قان قېرىنداشلىق ئىتتىپاق ئەمەس. پەقەتلا ئەنە شۇنداق تارىخىي جەريانلارنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى تۈپەيلى، «ئىككىلەمچى ئۇرۇق - قەبىلە» تەشكىللىرىدە قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەر تېخى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان، گېنالوگىيىلىك شەجەرىلەر (ئۇرۇقلار تارىخى) نىڭ رولى دېگەندەك يوقىلىپ كەتمىگەن، ئۇرۇق - قەبىلە ئېڭىنىڭ ساقىندىلىرى مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. تىلدىكى دىئالېكت پەرقلىرى بىلەن بىللە، ماددىي مەدەنىيەتتىكى قىسمەن پەرقلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ.

بۈگۈنكى ئىلىم - پەن دۇنياسىدا، خەلقلەرنىڭ ئېتنوگېنىز (كېلىپ چىقىشى) مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قوللىنىلىدىغان ئورتاق بىر ئۇسۇل مۇقىملاشتى. ئۇ بولسىمۇ تارىخ، ئارخېئولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك باشقا پەن تۈرلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، مەلۇم يەكۈنگە كېلىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق بولۇپ شەكىللىنىشىنىمۇ پەقەت مۇشۇنداق ئورتاق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىش لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ جەريانى، باشقا خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان

باشقا ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ ئۆزۈنىغا سوزۇلغان مۇرەككەپ تەرەققىيات جەريانىدۇر. بەزى قەبىلىلەر ئۇيغۇرلار تەركىبىگە كىچىكرەك تەركىب بولۇپ كىردى، بەزى قەبىلىلەر ئاساسىي يادرو بولۇپ كىردى ۋە ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ كەلدى، ئېتنىك ئومۇملۇقنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق بولۇپ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەسىلىنىڭ مۇشكۈل مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇنىداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار داۋاملاشماقتا.

بىزنىڭ قولىمىزدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ساھەلەرگە ئائىت ماتېرىياللارمۇ ناھايىتى چەكلىك.

ئۇيغۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغان يىللاردىلا مۇئەييەن بىر تېررىتورىيىگە، مۇئەييەن بىر تىلغا، مۇئەييەن بىر يېزىققا، ئېتنىك جەھەتتە بىر ئومۇملۇققا ئۇيۇشۇپ بولغانىدى. بىز مانا شۇلارغا ئائىت كونكرېت ئەھۋاللارنى ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ يازما يادىكارلىقلار ـــ تاش پۈتۈكلەردىمۇ ناھايىتى ئوچۇق كۆرىمىز. خاقان گۆل بويلا (742 ـــ 756 ـ يىللار) نىڭ ئوغلى مويۇنچۇرغا بېغىشلانغان ئابىدىدە ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى 100 يىل ئىدارە قىلدىم، دېگەن مەزمۇندىكى تېكىست بار. خاقان مويۇنچۇر شەرىپىگە ئورنىتىلغان بۇ تۆھپە مەڭگۈ تېشىدىكى تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشقان مۇئەييەن بىر دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن ھەممە قەبىلىلەرگە ئورتاق نام بولۇپ قالغان. بۇ ئەھۋالنى بىز سودجىن يادىكارلىقىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. سودجىن ئابىدىسىدە: «ujvujārihta»(ئۇيغۇر يېرىدە) دېگەن خەت ئويۇلغان. ئەگەر «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ ھەممە خالايىققا ئورتاق مەنسۇپ بولۇپ قالمىغان بولسا، بۇ ئابىدىدە «ئون ئۇيغۇر يېرىدە» دەپ پۈتۈلگەن بولار ئىدى. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئابىدە پۈتۈكچىلەرنىڭ « ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ ھەممىگە ئورتاق نام بولۇپ قالغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىپ تۇرۇپ يازغانلىقى شۈبھىسىز دۇر.

خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار ئۆز تەرەققىياتىدا خېلى ئالغا باستى. ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ۋە ئېتنىكلىق تارىخىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم تاشلىدى، ئۇلاردا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي تاپتى. ئۇلار ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدىكى ئۇرۇقچىلىق ـ بۆلۈنۈشلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان شامان دىنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئورنىغا پۈتكۈل خالايىق ئېتىقاد قىلىدىغان مانى دىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى؛ ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە خاقانلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان بولدى. مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىللە، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىكى مەنسۇپلۇقىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، چۈنكى تىل تارىخىي ئەمەلىيەتنى ھېسابقا ئېلىپ تۇرۇپ. «خەلق» نىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاشقا، گېنېتىك باغلىنىشلىرىنى كۆزىتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇقىغا شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدىكى بىر قانچە قەبىلە ئاساسىي تەركىب بولۇپ كىردى. خاقانلىق تەركىبىدىكى ھەر قايسى تۈركىي قەبىلەرنىڭ تىللىرى تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئارا يېقىنلىشىپ، تۈرلۈك دىئالېكتلارنىڭ پەرقى ئازىيىپ (مەلۇم دىئالېكت، شېۋە پەرقلىرى ساقلىنىپ تۇرسىمۇ)، ئاخىرى ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، يەنى ئۇيغۇر خەلق تىلى بولۇپ شەكىللەندى. ئورخۇن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى باشقا تۈركىي قەبىلەرنىڭ، شۇنداقلا سوغدىلىقلارنىڭمۇ لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى. بۇنداق قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مانى دىنى تېكىستلىرى ۋە بۇددا دىنى تېكىستلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تېخىمۇ كۆپ بولدى. ئەمما باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل تۈزۈلۈشى، گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتەلمىدى، بەلكى بىرلىككە كەلگەن ئېتنىك ئومۇملۇق نەتىجىسىدە مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق ئامىللىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، ئورتاق يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى سەۋەبلىك، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق شارائىتلارغا ئىگە بولدى، خالاس.

دەسلەپكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلى مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللارغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى باشقا ئەدەبىي تىللارنىڭمۇ تەسىرىگە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۇچرىغان. تىل تەرەققىياتىدىكى بۇ جەرياننى X — XIII ئەسىرلەردە باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەدەبىياتىنىڭمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى كونكرېت ئېتنىك ئومۇملۇقتا بارلىققا كەلگەن ۋە باشقا تۈركىي تىللار بىلەن گېنېتىك مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلگەن تىلدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئومۇمىي بىرلىكنى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇلغان تېكىستلەرمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى، مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس د. ئى. تىخونوف ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئەنە شۇنداق بىر قاتار زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىلا خەلق بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانىدى، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ۋە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېڭى تەشكىلى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاقانلىقنىڭ تىكلىنىشى، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامنى قوبۇل قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىكى مۇستەھكەم بىر ئۇيۇشۇشى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى، بۇرۇنقى ئۇرۇق - قەبىلىلەر (ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى خەلقنىڭ ئالغانلىقى، دەپ چۈشىنىش لازىم، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ساھەسىدە ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى ئورنىغا فېئودالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىكلەنگەنلىكى، دەپ قاراش كېرەك»[1]. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا: «شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە فېئوداللىزم ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، مۇستەھكەم دۆلەتلەر قۇرۇلغان (قەشقەرىيىنىڭ شەرقىدە ئۇيغۇر دۆلىتى، قەشقەرىيىنىڭ جەنۇبىدا قارا خانىلار دۆلىتى). ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى راساگۈللەپ ياشنىغان XI — XII ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار خەلق بولۇپ شەكىللەنگەن»[2] دەيدۇ. پىشقەدەم ئۇيغۇرشۇناس د. ئى. تىخونوف بىر قاتار مۇھىم تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن، مانا مۇشۇ كېيىنكى خۇلاسىگە «ئالدىراپ بالدۇرراق چىقىرىپ قويۇلغان خۇلاسە ئىكەن»[3] دەپ باھا بېرىدۇ.

840 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چوڭ بىر ئوڭۇشسىزلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى توختاپ قالمىدى. بەلكى ئەگرى تاغلىرى ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى قارا خانىلار دۆلىتى مانا شۇ جۈملىدىندۇر. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى، بۇرۇنقى تۈز سىزىق بويىچە راۋاجلىنىۋاتقان ئېتنىك تەرەققىيات جەريانى بىر مەزگىل ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى بىر ئومۇمىي ئېتنىك بىرلىك ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەمما بۇ يەردە شۇ نەرسە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىي-

(داۋامى 101 - بەتتە)

# تۈركلەر ۋە تۈرك تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار

ئابلەت نۇردۇن

تۈركلەر (كۆك تۈركلەر) مىلادى VI ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى، غەربىي رايون (شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كۆرسىتىدۇ) دا دەۋران سۈرگەن قەدىمىي مىللەت بولۇپ، ئېلىمىز تارىخىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخىدا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تۈركلەر مىلادى VI ئەسىردە ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. دەسلەپكى مەزگىلدە جۇجانلار (ئاۋار تۈركلىرى) گە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرى بولغان. غەربىي ۋېي خاندانلىقىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى (مىلادى 546 - يىلى) تۈركلەرنىڭ باشلىقى تۇمەن (تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشتا بۇمىن دېيىلگەن) جۇجانلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان تۇرالارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغان، ئۇلارنىڭ بەش تۈمەن تۈتۈنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان («جۇسۇلالىسى تارىخى» 50 - جىلدقا قاراڭ). ئۇ 552 - يىلى جۇجانلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، تۈرك خانلىقى (كۆك تۈرك خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغان ۋە ئۆزىنى ئىلىگە قاغان (ئىلىك — ئەلنىڭ خوجايىنى، هۆكۈمرانى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. ئۆتۈكەن تېغى (بۈگۈنكى هانگاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى) دا پايتەخت (بارگاه) تەسىس قىلغان. تۈركلەرنىڭ يېزىقى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، جازا، باج قانۇنى بولغان. تۈرك خانلىقىدا قاغاندىن قالسا، يابغۇ، شاد، تېگىن (تىگىن)، ئېلتەبىر، تۇتۇنبەگ قاتارلىق 28 دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار بولۇپ، بۇ ئەمەللەر ئاتىدىن بالىغا مىراس قالاتتى. تۈرك قاغانلىرى ئاشنا ئۇرۇقىدىن چىققان. تۈرك خانلىقى تازا قۇدرەت تاپقاندا، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزى، غەربتە كاسپىي دېڭىزى (بەزى ماتېرىياللاردا ئارال دېڭىزى دېيىلىدۇ)، شىمالدا

بايقال كۆلى، جەنۇبتا ئامۇ (جەيخۇن) دەرياسىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيگەن. تۈرك خانلىقى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش يولى ۋە «يىپەك يولى» نى كونترول قىلغان بولغاچقا، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. تۈرك خانلىقى دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى تۈرك خانلىقىنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان. تۈركلەر قوللانغان ئەمەل، مەنسەپ ناملىرى، مەسىلەن، تېگىن، بەگ قاتارلىقلار يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلغان. تۈمەن قاغان ئىنىسى ئىستەمىنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا[1] ئەۋەتىپ، ئېفتالىتلارنى يوقاتقان، پارسلارنى مەغلۇب قىلغان. ئىستەمى «غەرب تەرەپ قاغانى» دەپ ئاتىلىپ، خانلىقنىڭ غەربىدىكى زېمىننى ئىدارە قىلغان. مىلادى 582 - يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ بۈيۈك (چوڭ) قاغانى ئىشپارا بىلەن غەرب تەرەپ قاغانى تاردۇ قاغان چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خانلىقى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. «جۇ سۇلالىسى تارىخى.[2] تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر خىل نەسلىدىن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ نامى ئاشىنا بولۇپ، باشقىلىرى قەبىلە ئىدى» دېيىلگەن. تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە تۈركلەرنىڭ ئەجدادى بۆرە ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، بىز بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلغانلىقى ۋە بۆرىگە چوقۇنغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ھۇنلار ياكى دىڭلىڭ، تۇرالارغا باغلايدى-

---

دۇكى، بۇ خىل پارچىلىنىش ئېتنىك جەريانلار تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە قايتىدىن بىرلىككە كېلىپ، ئېتنىك ئومۇملۇقنى ۋە ئورتاق تىلنى ساقلاپ قالدى. بۇ ئېتنىك ئومۇملۇق ۋە ئورتاق تىل كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ ۋە تاكامۇللىشىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئىزاھلار :

---

[1] د. ئى. تىخونوف: «X — XIV ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى». 1966 - يىل. موسكۋا - لېنىنگراد. رۇسچە. ئۇيغۇرسايرانى تەرىپىدىن قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمە (شاپىگراف باسما). III باب.

[2] ئى. ۋ. زاخاروۋا: «سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى» ناملىق كىتاب.

غان كۆز قاراشلار ھېلىمۇ مەۋجۇت. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا: تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ساكلارنىڭ ماسساگېت قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇلار ئەسلىدە قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالى، ئارال كۆلىنىڭ غەربىدە ماكانلاشقان بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە ئالېكساندىر ماكېدونسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) شەرققە يۈرۈش قىلغاندا شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىغا يېتىپ كەلگەن. پارسلار ساكا تىگراخائۇدالار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) دەپ ئاتىغانلار بىلەن بۆرىنى تۇتېم قىلغان تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدىن ئاشىنا ئۇرۇقى كېلىپ چىققان. تۈركلەر ــ ئاشىنا ئۇرۇقىنى يادرو قىلىپ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش (بەزىلىرى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئىي ھالدا قوشۇلۇپ كەتكەن) ئاساسىدا كۆپەيگەن ۋە قۇدرەت تاپقان، دەپ قارايدۇ.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرك تارىخى تەتقىقاتچىلىرى تۆۋەندىكى تارىخىي مەنبەلەر: يەنى 1) خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار («24 تارىخ» نىڭ بەزىلىرىدىكى «تۈركلەر تەزكىرىسى» ۋە تۈرك تارىخىغا ئائىت جىلدلار، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، خۇسۇسىيلار يازغان خاتىرىلەر ۋە باشقىلار)؛ 2) تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار («تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «كۈلچۇر مەڭگۈ تېشى»، «چۇرىن مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ)؛ 3) ئۇيغۇرلارنىڭ يادىكارلىقلىرى («بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»، «تالاس مەڭگۈ تېشى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئوغۇزخان» ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ)؛ 4) باشقا ماتېرىياللار (يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ IX توملۇق ئەسىرى «تارىخ»، مېناندېرنىڭ «گرېك تارىخىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرى»، فىردەۋسى يازغان «شاھنامە»، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» («دۇنيادىكى چېگرا پاسىللار تەپسىراتى»)، ئىلخانىلار خانلىقىنىڭ ۋەزىرى راشىدىدىن يازغان «تارىخنامە»، «تامىم. ئىبن. باخىرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، بۇددا دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار، زاڭزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ... قاتارلىقلار ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئېلىمىز (تەيۋەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە. تۈرك تارىخىغا دائىر تەتقىقات چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان. مەسىلەن، تارىخشۇناس لى گۇاڭتىڭ ئۆز كىتابىدا تۈركلەرنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى ئۈستىدە توختالغان؛ چىڭ سۇلا-

لىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم لوجىنىيۇ ئورخۇن دەرياسى ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى توپلىغان ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچىسىنى ئېلان قىلغانىدى. 30 - يىللاردا، خەن رۇلىن ئەپەندى غەربنىڭ تۈرك تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلىمىزگە تونۇشتۇردى ۋە تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا نۇرغۇن ئەجايىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ۋاڭ جىڭرۇ قاتارلىقلارمۇ تۈرك تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خېلى سالمىقى بار بىرمۇنچە ماقالىلەرنى يازدى. لېكىن ئازادلىقتىن بۇرۇن، تۈرك تارىخى توغرىسىدا بىرەرمۇ مەخسۇس ئەسەر يېزىلمىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئېلىمىز تارىخشۇناسلىرىدىن فېڭ جياشېڭ، جاڭ شىڭلاڭلار تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈتاش تېكىستلىرىنى ئىزاھلاش جەھەتتە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئالىم ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دېگەن كىتابىنى، سېنجۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىدىن توپلام»، «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە ئىزاھ» دېگەن ئىككى كىتابىنى يېزىپ، خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىلەي ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دېگەن كىتابىدا تۈرك تارىخى ئۈچۈن ئىككى باب سەھىپە ئاجراتقان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 1- قىسمىدىمۇ تۈرك تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار خېلى تەپسىلىي بايان قىلىندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى شۆزۈڭجېڭ «تۈرك تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭ بەزى بابلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى نوپۇزلۇق تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن باشقا، مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭدا تۈرك تارىخىغا ئائىت بىرمۇنچە خېلى ۋەزىنلىك تەتقىقات ماقالىلىرى، تەرجىمەلەر (ئاساسلىقى، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ماقالىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئېلان قىلىندى. چەت ئەللەردىمۇ تۈرك تارىخىنى تەتقىق قىلىش خېلى ئىلگىرىلا باشلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جەھەتتە خېلى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ سوۋېت تارىخشۇناسلىرى ۋە بارتولد، بېرنشتام، مالوۋ قاتارلىقلار تۈرك تارىخى توغرىسىدا بىر مۇنچە ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى يازدى. فرانسىيىلىك مەشھۇر خەنزۇشۇناس چاۋاننېس، خۇندامېر،

پېللىئوت قاتارلىقلارمۇ تۈرك تارىخى، تۈرك تىلى توغرىسىدا ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ئۇلاردىن باشقا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە، دانىيە، ۋېنگرىيە، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، رۇمىنىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ تۈرك تارىخى، تۈرك مەدەنىيىتى، تۈرك تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ياكى تەتقىقاتچىلار بار. بىز ئۆزىمىزنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىمىزنى ۋە ماركسىزملىق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۇستۇنلۈكىمىزگە تايىنىپ، چەت ئەللەرنىڭ تۈرك تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولساق ۋە ئۇلاردىن تەنقىدىي يوسۇندا پايدىلانساقلا، تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى، بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق زور مەسىلىلەردە كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

(1) «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» (خەنزۇچە، 85 - يىل 2 - سان، تۈركلەر قىسمى).

(2) شۆزۇگجېڭ: «مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ تۈرك تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (خەنزۇچە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئۇچۇرى»).

(3) ۋاڭ جىژ لەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى».

(4) شى يىدىڭ: «ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئېلىمىزنىڭ شىمال مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (خەنزۇچە. «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋىرى»، 1986 - يىل 1 - سان).

(5) شۆزۇگجېڭ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا».

# قەدىمكى خىنتۇرى شەھىرىنىڭ تارىخىي رولى

ئابلىمىت ئىمىن

قەدىمكى خىنتۇرى شەھىرى (蒲类城) ئۈستىدە توختىلىۋاتقىنىمىزدا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىللاردىن سۆز ئېچىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ماكانى بولغان غەربىي رايون دۇنيانىڭ سودا يولى بولغان مەشھۇر «كارۋان يولى» نىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. بۇ كارۋان يولىنى شۇ ئەينى دەۋردىكى چارۋىچى خەلقلەر ۋە سودىگەرلەر ئاچقان. كارۋان يولى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسەن ئىككى ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى، ياڭگۇەن ئۆتكىلىدىن چىقىپ، پىشامشان ئارقىلىق تەڭرى تاغ ئېتىكىدىن ئۆتۈپ، كوئېنلۇن ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ يەكەنگە كېلىپ، ئاندىن پامىر ئېگىزلىكىنى بويلاپ ئۇلۇغ ياۋچىغا (كۇشان دۆلىتى — باكتىرىيىنى مەركەز قىلغان) ۋە ئىرانغا باراتتى. بۇ جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچىسى، يۈمىنگۇەن ئۆتكىلىدىن چىقىپ، ئالدىنقى قانقىل (تۇرپان) ئارقىلىق تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئۇ يەردىن پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق فەرغانە ۋە سوغدىيانا قاتارلىق يەرلەرگە باراتتى. بۇ يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلاتتى. كېيىنرەك، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ ئېۋىرغول، خىنتۇرى شەھىرى ئارقىلىق تەلكىدىن ئۆتۈپ، ئىلى ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوتتۇرا شىمالىي يوللارمۇ ئېچىلدى. بۇ جايلار شۇ دەۋردىكى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئوڭ قول خان ئوردىسىغا تەۋە ئىدى. ھۇنلار كارۋان يولى بويلىرىغا نۇرغۇن لەڭگەر، سارايلارنى بىنا قىلىپ، يولۇچىلارنىڭ ھەر بىر مەنزىلدە قونۇپ مېڭىشىغا ئوڭشايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپلا قالماي، سودىگەرلەرنى يول بويى مۇھاپىزەت قىلىپ تاغ - داۋان، ئېقىنلاردىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ شەھەرگە غەرب - ۋە شەرقنىڭ سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلىرى، سەيياھلىرى ئۈزۈلمەي

كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ شەھەر شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرۇشىدا ئالاھىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدى. خىتۋرى شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھازىرقى بارىكۆل بىلەن مورىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا - قىشلاقلاردا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقلا راۋاجلىنىپ قالماي، كانچىلىق، مېتالچىلىقمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ھازىرقى مورى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئالتۇن غول (خىتۋرى شەھەر خارابىلىقىنىڭ غەربى) دىكى ھۇنلار دەۋرىگە ئائىت ئالتۇن كان، ۋە مورىنىڭ جېشىلاڭ (ھازىرقى جاپچاننىڭ غەربى) دىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن بۇيۇم، سوزۇق ۋە يۇمىلاق قىزىل، يېشىل، ئاق ياقۇت، مارجان، ھۇن پۇلى، ۋە مىس قىلىچ قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۇز دەۋرىدىكى خىتۋرى شەھىرىنىڭ مېتالچىلىق ۋە قۇيمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ خېلى راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تىلشۇناس قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن كىتابىدا، بارىكۆل ناھىيىسىدىن تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران بولغان ئۆي ئىزلىرىنى تاپقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، بۇ ئورۇندىن چوڭ ھەجىملىك پۇتلۇق مىس قازان، مىس پىچاق، ئىككى قۇلاقلىق ساپال قاچا، رەڭلىك ساپال قاچا، ساپال ئىكەك، چوڭ تاش بىلەي، توپ شەكىللىك يۇمىلاق تاش، تاش يارغۇنچاق، ئارپا، ئات - كالا سۆڭەكلىرى، پۇتۇن ۋە ئاجرىلىپ كەتكەن ئادەم ئىسكىلىتلىرى تېپىلدى. ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون14 ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ بۇندىن 3280 يىل بۇرۇنقى ئىمارەت ئىكەنلىكى ئېنىقلانىدى دەپ يازىدۇ. بۇ خىلدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار مورى بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ھازىرقى سىداۋگۇ دېگەن يەردىكى خۇي - خۇي سوزى دەپ ئاتالغان جايدىن قېزىۋېلىنغان توپ شەكلىدىكى يۇمىلاق تاش، تاش يارغۇنچاق، تاش ھاۋانچا، چىغىرىق، سۆڭەكتىن ياسالغان يىڭنە، ئىككى قۇلاقلىق، يالغۇز قۇلاقلىق ساپال قاچىلار، ساپال تاۋاق ۋە ساپالدىن ياسالغان بۆرە بېشى قاتارلىقلارنىڭ دەل ھازىرقى بارىكۆلدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن بىر دەۋردىكى مەدەنىي يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يادىكارلىقلاردىن ھۇن دەۋرىدىكى قەدىمكى خىتۋرى شەھىرىنىڭ كانچىلىق ۋە مېتالچىلىقلاردىن باشقا، ساپالدىن ئۆي سايمانلىرىنى ياساپ ۋە ئۇنى ھەر خىل سىرلار بىلەن زىننەتلەپ، قول ھۈنەر- سەنئەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

مىلادىنىڭ 400 - يىلىغا كەلگەندە، هۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئاۋارلار خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ دەۋردە تۈركلەر رۇدا ئېرىتىپ پولات تاۋلاپ، ئۇنىڭدىن ھەربىي قوراللارنى ياسىدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەردە مېتاللچىلىق، قۇيمىچىلىق ۋە زەرگەرلىك ھۈنەر - سەنئىتى يەنە يۈكسەلدى. كېيىن ئىستەمى خان ۋە تۇمەن خانلارنىڭ باشچىلىقىدا ئاۋار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش كۆتۈرۈلۈپ، ئاۋار خانلىقى ئاغدۇرۇلدى ۋە بۈيۈك تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ قاغانلىق تېزلا كۈچىيىپ، غەرب ۋە شەرققە كېڭىيىپ، مىلادىنىڭ 554 — 590 - يىللىرى بۈيۈك تۈرك قاغانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيانغىچە، غەربتە قارا دېڭىزغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆزىگە قاراتتى. بۇ دەۋردە خىتۆرى شەھىرى قايتا ئاۋاتلىشىپ، ھۈنەر - سەنئەت، ئىلىم - مەرىپەت راۋاجلىنىپ، شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مال - چارۋا يىلدىن - يىلغا ئاۋۇپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى، تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئاشلىق ۋە پاختا كۆپ تېرىلىپ، پاختا - يۇڭ، تىۋىتلەردىن ھەر خىل توقۇلما ۋە گىلەم قاتارلىقلار توقۇلۇپ، غەرب ئەللىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا سېتىلىپ، كارۋان يولى قايتا گۈللەندى. خىتۆرى شەھىرىدە مېتالدىن ھەر خىل جابدۇقلار، ھەربىي قوراللار ياسىلىپ، چەت ئەل بازارلىرىدا سېتىلىشقا باشلىدى. 1983 - يىلى، بوستان رايونىدىن ئاتنىڭ كەمەلدۈرۈكىگە ئاسىدىغان مىستىن ياسالغان باش تېپىلدى. ئۇنىڭدا ئوتلاقتا ئەركىن ئوتلاۋاتقان بۇغا بالىسىنىڭ ناھايىتى نەپىس ياسالغان سۈرىتى، تۆۋەن تەرىپىدە پۆپۈك قادايدىغان ھالقا، ئارقا تەرىپىدە تاسما بېكىتىدىغان بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە كەپشەرلەنگەن ھالقا بار. مورۇن قەلئەسى خارابىلىقىدىن تۈرك پۇلى، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ 80 نەچچە خىل پۇلىنىڭ چىققىنى بۇ قاغانلىق دەۋرىدە سودا - سانائەت ۋە تاشقى سودىنىڭ ناھايىتى راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋەھالەنكى، VI ئەسىرگە كەلگەندە، تۈركلەر ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، غەربىي تۈرك قاغانلىقى ۋە شەرقىي تۈرك قاغانلىقى دەپ ئاتالدى. تەخمىنەن مىلادى 745 - يىلى، كۆل بىلگە رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، تۈرك قاغانى ئاققاش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى قۇردى. بۇ دەۋردە، تاڭ خاندانلىقى بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، بېرىش - كېلىشى 840 - يىللارغىچە داۋاملاشتى. بولۇپمۇ

ئەنلۇشەن ۋە شىسىمىڭ ئىسيانى تاڭ خاندانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سالغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى تۇمەن بالىق ۋە بەشبالىققا قاراشلىق* جايلاردىن ئەسكەر يۆتكەپ، تاڭ خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سالغان ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇپ، تاڭ خاندانلىقىنى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالغانىدى. 839 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ قاغانلىق ئىچىدە بۆلۈنۈش ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى تۈپەيلى، 845 - يىلى يىمىرىلدى. تاڭ پادىشاھى نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئوكىخان باشلاپ ماڭغان ئاھالە ۋە قوشۇنلارنى قىرغىن قىلىپ، غەربىي رايوننى ئىگىلىدى ۋە «خىتۋىرى» دېگەن .ھۇنچە شەھەر نامىنى «سىياۋاۋ»غا ئۆزگەرتتى. لېكىن، 847 - يىلى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پانتېكىننىڭ يېتەكچىلىكىدە بەشبالىق ۋە قوچوغا كېلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا قوشۇلدى. 859 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بەشبالىق، سىياۋاۋ ۋە كۇچاغىچە بولغان زېمىندىكى تۇبۇت ۋە تاڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتخانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق دۆلەت چېگرىسىنى شەرقتە جيۇچۇەنگە، غەربتە كۇچاغا، شىمالدا ئالتايغا، جەنۇبتا تەكلىماكان ئويمانلىقىغا يەتكۈزۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن تۇتىشىدىغان جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا شىمالىي كارۋان يوللىرىنى كونترول قىلدى. دۆلەت ئىچىدە ئاقىلانە سىياسەت قوللىنىپ ، ئىلىم - پەن، ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتتە دېھقانچىلىقتا سۇنى ئىزگىنلەش، ئېتىزلارنى ناختىلاپ سۇغۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار يېڭىلىقلار يارىتىلىپ، ئاشلىق ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرى يىلدىن يىلغا ئېشىپ باردى. تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تەڭرى تاغ ئېتەكلىرىدە چارۋا - مال يىلدىن يىلغا ئاۋۇپ، مەمۇرچىلىق بولدى. بەشبالىق ئەتراپىدا يۇڭ ۋە پاختىدىن ھەر خىل گۈللۈك رەختلەر توقۇلغان بولسا، بەشبالىققا قاراشلىق خىتۋىرى شەھىرىدىكى مېتالچىلىق، زەرگەرلىك، قۇيمىچىلىق كارخانىلىرىدا مېتالنى سوغاق ئىشلەشتىن باشقا، ئېرىتىپ قۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن نازۇك بۇيۇملار ئىشلەندى . تۆمۈرچىلەر پولاتتىن سوققان، زەرگەرلەر نەقىشلىگەن قىلىچ ، خەنجەرلەر غەرب ئەللىرىدە يۇقىرى ئابروي بىلەن سېتىلاتتى. ئۆز دەۋرىدە شۇنچە گۈللەنگەن بۇ شەھەر كېيىنچە كۆچمە قۇمنىڭ بېسىشى بىلەن پۈتۈنلەي چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر مورى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بۇ شەھەرنىڭ ئىزى بار.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1981 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1-، 2-، 3-، 4-، كىتابلار، 1984 - يىل نەشرى.

«غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىدىن ئىزاھاتلىق لۇغەت»، 1-، 2- قىسىم.

شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئورخۇن دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازى»، («ئىلى دەرياسى» نىڭ مەلۇم بىر سانى).

قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 1986 - يىل نەشرى.

تۇرغۇن ئالماس: «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1986 - يىل نەشرى.

چيەنداۋ شىنىسى (ياپونىيىلىك): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر».

(«مورى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 86 - يىل، قازاقچە 3 - سان).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# موري ناھىيىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى پۇللار توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئەركىن روزى

موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي پاراللېل 89.50 — 91.50، شىمالىي مېرىدىئان 43.30 — 44.30 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى — تارىخىي ئورۇن، مەدەنىي مىراسلارغا باي جاي. موري ناھىيىسىنىڭ تارىخىنى 3000 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن. موري ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە تەخمىنەن 10 كىلومېتر ئەتراپىدا كېلىدىغان بەلچىر غولىدىكى «ئۇيغۇرلار جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان جىلغىدا قەدىمىي ئىزلار خارابىسى تېپىلدى. 1975-يىلى، ئاپتونوم رايون «ئۇيغۇرلار جىلغىسى»دا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1977-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى بۇ يەرگە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېزىش ئۈچۈن خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى بىلەن بىرلىكتە بۇ جايىنى قازدى. «ئۇيغۇرلار جىلغىسى»دىكى خارابىدىن چىققان يادىكارلىقلارنى دۆلەت مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلار ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۈركەپ ياسالغان سىپتا تاش قوراللاردىن تاش كەتمەن، تاش يارغۇنچاق، تاش ئورچۇق، تاش تاختا، تاش نوغۇچ، تاش بولقا، تاش ساقا، ھاۋانچا تېشى، تاش ھالقا، تاش ئوتىمغۇچلار بار. مىستىن ياسالغان بۇيۇملاردىن مىس قېلىپ (مىس پىچاقنى قۇيۇپ ياسايدىغان قېلىپ)، مىس پىچاق، مىس ئەينەك، مىس ھالقا، مىس زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق 10 نەچچە خىل مىس بۇيۇم چىققان. بۇ خارابىدىن يەنە دانلىق زىرائەتلەر ۋە زور

مىقداردا ئات، كالا، قوي، ئىت سۆڭەكلىرى تېپىلغان. بۇ يەردىن تاش قوراللار، مىس قوراللاردىن باشقا، يەنە رەڭلىك ۋە رەڭسىز ساپال بۇيۇملارمۇ تېپىلغان. رەڭلىك ساپال ئىچىدە قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل، كۈلرەڭ، قارا رەڭلىك قوش قۇلاقلىق ۋە بىر قۇلاقلىق كومزەكلەر، ساپال تەخسە، قورساقلىق ئىدىش، تۆۋى تەكشى ساپال ئاياق، تۈز ئېغىزلىق ساپال چۆگۈن، ساپال قەدەھلەر بار.

سۆڭەك بۇيۇملاردىن سۆڭەك يىڭنە، سۆڭەك ئۇرچۇق، سۆڭەك تاغاق، سۆڭەك باشاق قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا، مورى گوبى چۆلىدىن قارا قاشتېشىدىن ياسالغان بىر تامغا قېپى تېپىلغان، يەنە بىر جايدىن بىر دانە مىس قىلىچ بىلەن بىللە كۆك سۇرمە تاشتىن ياسالغان تامغا تېپىلغان. يۇقىرىقى مەدەنىي يادىكارلىقلار قاتارىدا بىر قىسىم قەدىمكى پۇلمۇ تېپىلدى.

مورى ناھىيىسى 70-يىللاردىن باشلاپ مورى مەدەنىيەت يۇرتىدىكى خىزمەتچىلەرنى ئاساس قىلىپ قەدىمكى پۇللارنى قېزىش، يىغىش، رەتلەشكە كىرىشتى. بولتۇر مورى ناھىيىسىدە مىللەتلەر مۇزېيى قۇرۇلدى ۋە مەخسۇس مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىش-رەتلەش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. ھازىر مىللەتلەر مۇزېيىدىكى خادىملارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن پۇل تەتقىقاتى يەنىلا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم.

بىزگە مەلۇمكى، مەشھۇر قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان بوستان يولى ئاۋاتلىشىشتىن بۇرۇن، ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىپايان يايلاقتا ئالتۇن يول، يەنى ياي لاق يولى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ تارىختا كارۋان يولى ياكى سوقاق يولى دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. مورى ناھىيىسى ئەنە شۇ كارۋان يولىنىڭ ئاساسىي قاتناش تۈگىنى ئىدى. مورى ناھىيىسى ئارقىلىق ھونلار دىيارىغا، ئۇيسۇن ئېلىگە، قارا قوچوغا، ئېۋىرغولغا، بەشبالىققا بارغىلى بولاتتى. مورى ناھىيىسى غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى ئاساسىي ئۆتكەل ۋە قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايدا قەدىمكى پۇللارنىڭ ساقلىنىشى تەبىئىي. مورى ناھىيىسىدە تېپىلغان قەدىمكى پۇللارنىڭ تۈرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ پۇللارنىڭ بەزىلىرى قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغان، بەزىلىرى قەدىمكى خارابىلار ۋە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان، بەزىلىرى تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان. مورى ناھىيىسى تارىختا بەگلىكلەر، سۇلالىلەر قاتتىق ئۇرۇشۇپ-تالىشىدىغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن بولغان. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ جاي جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى كۆمۈپ قېچىشىغا توغرا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇشتىن كېيىن قايتىپ كەلسە، بەزىلىرى كېلەلمىگەن. بەزىلىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن. بىر دېھقان مودەن قەلئەسى ئەتراپىدا (مورى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بىر كىلومېتر نېرىدىكى شەھەر خارابىسى) ئۆي سېلىش ئۈچۈن يەر كولىغاندا، 80 نەچچە كىلوگرام داچەن چىققان بولۇپ، تۈرى 30 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدا خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ، يېقىنقى زامانغىچە بولغان پۇللار بار. يەنە بىر دېھقان تۈگمەنلىك سايدا يەر تېرىشقا كېتىۋېتىپ، يامغۇردىن كېيىن كەلكۈن يالاپ كەتكەن تاغ باغرىدىن 500 دانە كۈمۈش تەڭگە تېپىۋالغان.

مورى ناھىيىسىدىن تېپىلغان پۇللارنى ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى تۈرى، چەت ئەل پۇللىرى. شىنجاڭ شەرق بىلەن غەرب ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان جاي بولغاچقا، چەت ئەل پۇللىرىمۇ شىنجاڭغا كىرگەن. مەسىلەن، رىم، گرېك، ئىران پۇللىرى ۋە باشقا پۇللارنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مورى ناھىيىسىدىن تېپىلغان چەت ئەل پۇللىرى ياپون، ۋيېتنام، چاۋشيەن پۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چارروسىيە، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرىمۇ بار.

ئىككىنچى تۈرى، ئېلىمىزدە ئۆتكەن بەزى سۇلالىلەرنىڭ پۇللىرى. بۇ، سالماق جەھەتتە ئەڭ كۆپ قىسىمنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى مىس پۇللاردىن خەن سۇلالىسىنىڭ بەش مىسقاللىق مىس پۇلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇڭباۋ مىس پۇلى، سۇڭ، مىڭ، غەربىي لياۋ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرى قاتارلىق 80 نەچچە خىلدىن ئارتۇق پۇل بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىس پۇلى ھەممىدىن كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، سىچۈەن، گەنسۇ، نىڭشيا ئۆلكىلىرىنىڭ قەدىمكى مىس پۇللىرىمۇ بار.

ئۈچىنچى تۈرى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇللىرى. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ پۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىختا شىنجاڭدىكى بەزى خانلىقلار ئۆز ئالدىغا پۇل قۇيدۇرغان. شىنجاڭنىڭ پۇل تارىخى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئانچە كۆپ كېيىن ئەمەس. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇللىرى تېخى تەتقىقات ئۈستىدە تۇرىۋاتىدۇ. بەزى پۇللار تېخى ئېنىقلانمىدى.

1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مورىنىڭ نۇر يايلىقىدىكى بىر قازاق چارۋىچى ئۆي سېلىش ئۈچۈن يەر قېزىۋېتىپ، ھۇنلار دەۋرىگە ئائىت بىر قەدىمىي جەسەتنى يولۇقتۇرغان. بۇ جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن باشقا ئاخىرەتلىكلەر قاتارىدا ئەڭ قەدىمىي

پۇل — قۇلۇلە قېپىدىن 10 دانە چىققان. ئېلىمىزدە يەنە، شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى قاشتېشى ۋە قۇلۇلە قېپىغا مەركەزلەشكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئېلىمىزنىڭ پۇل تارىخى 4000 يىلدىن ئاشىدۇ. مورى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن 10 دانە قۇلۇلە قېپى، ياقۇت، ئالتۇن تاختىلارنىڭ تېپىلىشى، مەيلى شىنجاڭدا ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولسۇن، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال. مورى ممللەتلەر موزېيىدا ساقلىنىۋاتقان پۇللار ئىچىدە كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان تۆمۈر پۇل كىشىنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ. تۆمۈر پۇل يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بار، دىئامېتىرى 3 cm، ئادەتتىكى مىس پۇللاردىن قېلىن، سۈپىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، بىر تەرىپىگە خەت يېزىلغان بولسىمۇ، داتلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزدە ئۆتكەن بەزى سۇلالىلەر تۆمۈر پۇل قۇيدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دىئامېتىرى ئانچە چوڭ ئەمەس، پەقەت غەربىي شيا سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 1169 — 1193 - يىللىرى) تاڭغۇت ھۆكۈمرانلىرى قۇيدۇرغان تۆمۈر پۇلنىڭ دىئامېتىرى چوڭ بولۇپ، بىردانە ئۇچرىدى. بىزگە مەلۇم، جۇجان پادىشاھلىقى گوبىنىڭ شىمالىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە، تۈركلەر ئۇلارغا قارام ئىدى. ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا تۆمۈر چىققاچقا، تۈركلەر جوجان قۇللىرىغا تۆمۈر جابدۇقلار ياساپ بېرىدىغان «تۆمۈرچى قۇل» قىلىنغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆمۈر پۇل تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بىلەن مەشھۇر بولغان تۈركلەر تەرىپىدىن قۇيۇلغانلىقىمۇ ئېھتىمال.

يەنە تەتقىق قىلىشنى كۈتۈۋاتقان بىر دانە مىس پۇل بار، بۇ پۇل ناھايىتى يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قۇيۇلغان، دىئامېتىرى 35 cm، كۆك مىستىن قۇيۇلغان، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، ئوڭ تەرىپىنىڭ سىرتىغا دۈگىلەك گىرۋەك چىقىرىلغان، ئوتتۇرىغا بىر تۈرك ئەسكىرىنىڭ نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن، ئەسكەرنىڭ تاپىنى ئاستىغا تۈز سىزىق سىزىلغان، سىزىق ئاستىغا يىلاننىڭ ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن، ئەسكەر غوزلارچە كىيىنگەن، كىيىملىرى بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدۇ، چاپىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزىدىن ئاشمايدۇ. بېشىغا بۆك كىيگەن، ئۇزۇن چېچى يوق. پۇلنىڭ يەنە بىر تەرىپى سىدام، ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە دومباق بار، بۇ پۇلغا خەت يېزىلمىغاچقا، پەقەت مۆلچەر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇلنىڭ تەۋەلىكى، ئېھتىمال، تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى مەلۇم بىر خاقانغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. ئورنى مەسىلىسىگە كەلسەك، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى ئەتراپلىرى بولۇشى كېرەك،

www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى ــ كروران قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان نەقىشلىق تاش. كروراندىن تېپىلغان نەقىشلىق تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئادەم سۈرىتى بىلەن يىلان نەقىشى بېرىلگەن. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىس پۇلدىكى نەقىشكە ئوخشاپ كېتىدۇ («شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 213 ـ رەسىمگە قاراڭ).

مورىدىن تېپىلغان پۇللار ئىچىدە، تۈركەش خانلىقىنىڭ مىس پۇلى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. تۈركەش خانلىقىنىڭ پۇلى مىلادى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا راۋاج تاپقان تۈركەش قاغانى قۇيدۇرغان مىس پۇلدۇر. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1929 ـ يىلى تارىم ئويمانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، كۇچادا بۇ خىل مىس پۇلنى ئۇچراتقان. بۇ پۇل ئىنتايىن سۇپەتلىك تاۋلانغان كۆك مىستىن قۇيۇلغان. شەكلى دۈگىلەك، دىئامېتىرى 2.3cm، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈك بار، تۆشۈكنىڭ دىئامېتىرى 6mm. پۇلنىڭ ئىچى، سىرتىغا گىرۋەك چىقىرىلغان، شەكلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ «كەييۈەن تۇڭباۋ (开元通宝)» پۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۇلنىڭ ئوڭ تەرەپ يۈزىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت يېزىلغان، تەتۈر يۈزىگە چوڭ بىر ئەگرى نەقىش چۈشۈرۈلگەن (خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئۇنى يىلان شەكىللىك نەقىش دەپ قارىغان). ئوڭ يۈزىدىكى خەتنى گېرمانىيىلىك W. F ماۋى تەتقىقات ئارقىلىق «تۈركەش قاغان باي بېگى» دەپ ئوقۇغان. تۈركەشلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، تۈرك خانلىقىغا قارام ئىدى. مىلادى 638 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، تۈركەشلەر 638 ـ يىلى سۇيئابنى چوڭ ئوردا، ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمىلىقنى كىچىك ئوردا قىلىپ، تۈركەش دۆلىتىنى قۇرغان. تۈركەش دۆلىتى 10 قەبىلىنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن دۆلەت ئىدى. تۈركەشلەرنىڭ مىس پۇلىنىڭ قۇيۇلغان دەۋرى مىلادىيىدىن 700 يىلدىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن. قۇيۇلغان جايىنى بەزىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس شەھىرى (يەنى سوۋېت قازاقىستاندىكى جامبۇل شەھىرى) دەپ پەرەز قىلماقتا. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مورى مىللەتلەر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇللىرى ئىچىدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈمۈش پۇلىدىن ئۈچ دانە بار. كۈمۈش پۇل سوقۇش، بېسىش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. شەكلى دۈگىلەك. ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، دىئامېتىرى 1.3cm. ھەر ئىككى تەرىپىدە چاغاتاي يېزىقى

بار، چۆرىسىگە ئاي سۈرەتلىك نەقىش ئىشلەنگەن. قەدىمكى گرېتسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى سوقۇش، بېسىش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان خوتەننىڭ ئات سۈرەتلىك پۇلى، قارا خانىلارنىڭ پۇللىرىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا ياسالغان. چاغاتاي خانلىقى پۇلىنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە ھۆسىن خەت يېزىلغان، چىن ۋېنگېن ئەپەندى پۇللارنى نەقىش چەمبىرى، نۇسخىسى، خەت يېزىش ئۇسلۇبى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە 40 تۈرگە ئايرىغان، چاغاتاي پۇللىرى ئالمىلىق، نۇرات، تاشكەنت، كەنجاتاي، سەمەرقەند، قەشقەر، بۇخارا، تالاس، خۇراسان قاتارلىق توققۇز جايدىكى پۇل زاۋۇتلىرىدا ياسالغان، پۇللارنىڭ ئۈستىگە «ئەڭ چوڭ ئوردا» دېگەن خەت بېسىلغان، بىر تەرىپىگە «ئاللادىن باشقا تەڭرى يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ ئەلچىسى»، «خانلىق ھوقۇقى ئاللاغا خاس، پۈتكۈل كائىنات ئاللاغا خاس» دېگەن قۇرئان سۆزلىرى يېزىلغان. ئادەتتە خاننىڭ ئىسمى يېزىلمىغان، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى ھازىر تېخى تەتقىقات ئۈستىدە تۇرماقتا. مورى مىللەتلەر مۇزېيىدا ساقلانغان پۇللار ئىچىدە ئەڭ كۆپى ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرى بىلەن گۇاڭشۈنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرى بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق. ئۇندىن باشقا، ياقۇپبەگنىڭ بىر دانە مىس پۇلىمۇ بار.

ياقۇپبەگنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ياقۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئىدى. 1865 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، 1867 - يىلى جەنۇبتىكى يەتتە شەھەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى يەتتە شەھەر خانلىقىنىڭ خاقانى دەپ جاكالىدى. ئۇ قەشقەردە بەش مىسقاللىقتىن كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇردى. بۇ تەڭگىلەرنىڭ دىئامېتىرى 15 mm - 12، قېلىنلىقى $\frac{1}{2}$—$\frac{3}{4}$ mm، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 1.45g — 1.7، ئىككى تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقى يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە «ئابدۇل ئەزىزخان» دەپ يېزىلغان. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى تۈرك سۇلتانىنىڭ ئىسمى ئىدى. تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىگە «S» شەكىللىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن، بۇ كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1291 - يىلدىن 1294 - يىلغىچە (مىلادى 1874 - يىلدىن 1877 - يىلغىچە) بولۇشى مۇمكىن. پۇل سوقۇش، بېسىش ئۇسۇلى بىلەن قۇيۇلغانلىقتىن، چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، نەقىش خەتلىرىنىڭ جايلىشىشى دەل جايىدا ئەمەس. شۇڭا بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىككى تەڭگىنى تېپىش تەس.

گۇاڭشۈ تەڭگىسى: گۇاڭشۈ تەڭگىسى 1877 - يىلدىن باشلاپ، ياقۇپبەگنىڭ تەڭگىسىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان، تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئۇنى تۆت خىلغا ئايرىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. شەكلى ياقۇپبەگنىڭ تەڭگىسىگە ئوخشاش بولغانلىقتىن، بۇ جايدا تەپسىلىي بايان قىلىنمىدى.

موريدا تېپىلغان پۇللار ئىچىدە راشىددىن خاننىڭ مىس پۇلىدىن ئىككى دانە ساقلانماقتا. راشىددىن خاننىڭ پۇلى مىستىن قۇيۇلغان. شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈك بار. ئۇيغۇر (چاغاتاي) يېزىقىدا ئوڭ تەرىپىگە «سەئىد غازى راشىددىن خان» دەپ يېزىلغان، تەتۈر يۈزىگە «دىراپ دارسسۇلتان كۇچا» دەپ يېزىلغان.

1864 - يىلى 6 - ئايدا، كۇچادا زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك چېرىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، يەرلىك دىنىي زات راشىددىن داموللا رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، يەرلىك فېئودال ھاكىمىيەتنى تىكلىدى ۋە ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىدى. ئۇ، ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى، تەڭرى بەرگەن كۇچكە ئېرىشكۈچى» دەپ، غازات قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 1864 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غەربتە ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، شەرقتە تۇرپان، لۈكچۈنلەرگىچە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. 1867 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

مورى ناھىيىسىدىن تېپىلغان پۇللار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پارلاق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.



سيد غازى راشدين
خان

Seyyed ghazi Rashdin
Khan

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学


تۈزگۈچى ۋە نەشىر قىلغۇچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 37937)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 — 1038/c

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 81 — 58

باھاسى: 0.80 يۈەن